# 12208 ـ تەراۋىھ ۋاقتى خىزمەت ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغان بولسا، قانداق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

ئىمام تەراۋىھ نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى خىزمەتكە بارىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالىدۇ، مېنىڭ خىزمەتكە بېرىشىم زۆرۈر ئېدى، قانداق قىلىشىم كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تەراۋىھ نامىزىنى ئىمامغا ئەگىشىپ جامائەت بىلەن قانچە رەكەت ئوقۇشقا ۋاقتىڭىز يەتسە شۇنچە رەكەت ئوقۇڭ، ئىككى رەكەت ياكى تۆت رەكەت ياكى ئالتە رەكەتتىن كېيىن خىزمىتىڭىزگە كەتسىڭىز بولىدۇ، قالغىنىنى خىزمەتتىن يانغاندىن كېيىن ئۆيدە ئادا قىلىپ ئاخىرىدا ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر نامازنى بۇرۇنراق ئوقۇيدىغان مەسچىت بولسا سىز نامازنى شۇ يەردە ئوقۇپ ئاندىن خىزمەتكە بارسىڭىز ياخشى بولىدۇ، چۈنكى بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تەراۋىھ نامىزىنى ئىمام بىلەن بىرگە ئادا قىلىپ يانغان كىشىگە كېچىدە قىيامدا تۇرغانىنىڭ ئەجىر-ساۋابى يېزىلىدۇ» [تىرمىزى رىۋايىتى 806-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر،.